# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 1 ـ ئاي
12
يەكشەنبە
维吾尔文 1 月12日

新疆日报

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى  新疆日报网 : www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57  ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com  24938 ـ سان  بۈگۈن 8 بەت


## پارتىيەمىزنىڭ تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچى ۋە قۇدرەتلىك جەڭگىۋارلىقىنى مەڭگۈ ساقلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلايلى

### — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»

### باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى غەيرىتىمىزنى ئۇرغۇتتى، كۈرەش ئىرادىمىزگە ئىلھام بەردى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

باش شۇجى شى جىنپىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە، پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشقا سىجىل تۈرتكە بولۇش ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئالتە جەھەتتىكى تەلەپنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇدا بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەپەككۇر قىلىپ، دىققەتنى قانداق قىلغاندا ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايون «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنى ئاچتى

# يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، تىرىشىپ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى يېزىش كېرەك

### چېن چۈەنگو ۋە ئۇۋياڭ سۇڭ سۆز قىلدى  شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى  شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، سۇن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي خەۋەر قىلدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ ئۆمۈرلۈك تېمىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا باشتىن ـ ئاخىر ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، تىرىشىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش كېرەك.

«ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەركەز 6 ـ سەييارە نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ئۇۋياڭ سۇڭ يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. مەركەز 6 ـ سەييارە نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى جىنجاڭ، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، سۇن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى پىلانلاپ لايىھەلىدى، ئۆزى سەپەرۋەر قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ئۆزى رەھبەرلىك قىلىپ تۈرتكە بولدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ ئىدىيەسى چوڭقۇر، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول بولۇپ، يېڭى دەۋردە پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتىكى توپ مىزان، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى چىڭ ساقلاپ، مەڭگۈ بوشاشمايدىغان روھىي ھالەت ۋە توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش ھالىتى بىلەن، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىشقا يەنىمۇ رىغبەتلەندۈرىدىغان ھەرىكەت پروگراممىسى. ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، توغرا ئىگىلەپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيەمىزنىڭ تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچى ۋە قۇدرەتلىك جەڭگىۋارلىقىنى مەڭگۈ ساقلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يېڭى تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى

### — ئاپتونوم رايوننىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

پارتىيەنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى ئەزەلدىن مۇھىم، زور ئىش بولۇپ، پۈتۈن ۋەزىيەتنى بەلگىلەپ كەلگەن. ئاپتونوم رايوننىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا مۇنۇلار تەكىتلەندى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ ئۆمۈرلۈك تېمىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا باشتىن ـ ئاخىر ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، تىرىشىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى يېڭى دەۋردە پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتىكى توپ مىزان، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى چىڭ ساقلاش، مەڭگۈ بوشاشمايدىغان روھىي ھالەت ۋە توختىماي ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش ھالىتى بىلەن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىشقا يەنىمۇ رىغبەتلەندۈرىدىغان ھەرىكەت پروگراممىسى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە كۈچلۈك ئىدىيەۋى كاپالەت. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە.

(ئاخىرى 8 ـ بەتتە)

## قۇدرەتلىك پارتىيە ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىش داۋامىدا تاۋلىنىپ چىققان

### — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

قانچە ئۇزاق ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنسېرى، ماركسىزملىق پارتىيەنىڭ خىسلىتىنى شۇنچە يىتتۈرۈپ قويماسلىق كېرەك، پارتىيەنىڭ ئەسلى مەقسىتى، بۇرچىنى شۇنچە ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك، ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىش روھىنى شۇنچە يوقىتىپ قويماسلىق كېرەك.

«ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۆزلەپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا، جەزمەن مەسىلىگە توغرا قاراش جاسارىتى ۋە پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىش ئاڭلىقلىقى ئارقىلىق پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش» تەلىپىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلارنى ئۆزى ئۆزىدە ئۈزۈل ـ كېسىل ئىنقىلاب قىلىش روھى ئارقىلىق ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچقا خىلاپ تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا يەنىمۇ ئاگاھلاندۇردى ۋە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

قۇدرەتلىك پارتىيە ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىش داۋامىدا تاۋلىنىپ چىققان. باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىش، پارتىيەنى قاتتىق باشقۇرۇش، پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىش پارتىيەمىزنىڭ ئەڭ روشەن پەزىلىتى. پارتىيە تارىخىنى ئەسلىسەك، پارتىيەمىز ھەممىشە ئىجتىمائىي ئىنقىلابتا تۈرتكە بولۇش بىلەن بىللە، ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشتا دادىل تۈرتكە بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، خاتالىقنى تۈزىتىپ، مەسىلىلەرگە توغرا قاراشقا، كەمچىلىكنى تۈگىتىشكە جۈرئەت قىلىپ، سۆڭەكنى قىرىپ زەھەرنى تازىلاپ، چىرىگەن مۇسكۇللارنى ئېلىۋېتىشتە دادىل بولۇپ كەلدى. پارتىيەمىز باشتىن ـ ئاخىر مۇشۇنداق قىلىشتا چىڭ تۇرغاچقا، ئاندىن خەۋپلىك پەيتلەردە خەتەر ئىچىدىن ھاياتلىق يولىنى تېپىپ، سەۋەنلىكتىن كېيىن قالايمىقانچىلىقنى ئومۇمىيۈزلۈك ئوڭشاپ، مەڭگۈ يېقىلمايدىغان، ئۆرۈلمەيدىغان ماركسىزملىق پارتىيەگە ئايلاندى. تارىخ شۇنى چوڭقۇر بىلدۈردىكى:

(ئاخىرى 8 ـ بەتتە)

### چاغاندا ئاساسىي قاتلامغا بېرىش

تۆۋەنكى مەكتەپ كەنتى:

## ماھارەت ئۆگىنىپ ئېنېرگىيە تولۇقلاشقا ئالدىراش  قىشتىكى بوش ۋاقىتنى قىشتىكى ئالدىراش ۋاقىتقا ئايلاندۇرۇش

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىرىنچى سەپىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىز

□ مۇخبىرىمىز جاڭ جىلى، ئاقسۇ مۇخبىرلار پونكىتىدىن لىيۇ خۇڭۋېن

«مەن دەرس جەدۋىلىنى كۆردۈم، ئۆگىنىدىغان مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى خىزمەتتە ئىگىلەشكە تېگىشلىك بىلىم ۋە ماھارەتلەر ئىكەن، ئىشنىڭ ئالدىدا بۇنداق تەربىيەلەشكە قاتنىشالىغىنىم بەك ياخشى بولدى.»

1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئۈچتۇرپان ناھىيەسى ئالغا بازىرى تۆۋەنكى مەكتەپ كەنتىنىڭ كەنت گۇرۇپپا كادىرلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كۇرسىدا، بۇ كەنتنىڭ 4 ـ كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئامانگۈل توختى خۇشال ھالدا شۇنداق دېدى.

ئامانگۈلنىڭ قولىدىكى بۇ دەرس جەدۋىلىدە، كۈندىلىك تەربىيەلەش مەزمۇنى تەپسىلىي كۆرسىتىلگەن. ئۇ ئەسلىدە كەنتتە ئاياللار خىزمىتىنى ئىشلەيتتى، 2019 ـ يىلى 4 ـ ئايدا كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولغاندىن كېيىن، گۇرۇپپىدىكى 74 ئائىلىدىكى 300دىن ئارتۇق كەنت ئاھالىسىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشىنىڭ ئۈلگىسى بولۇش ئۈچۈن، ئۇ چوقۇم ئۈزلۈكسىز ئېنېرگىيە تولۇقلاپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى.

ئامانگۈل دەرس جەدۋىلى ۋە يېڭى تارقىتىلغان خاتىرە دەپتىرىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئېرى ئاقنىياز تەۋەككۇلگە مۇنداق دېدى: «ھازىر مەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، خەلق ئىشلىرى سىياسىتىنى چۈشەندۈرۈش، جەمئىيەت كاپالىتى بىلىملىرى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆگىنىمەن، سىز زەمبۇرۇغ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىڭ، ئىككىمىز بەسلىشىپ باقايلى، كىم ياخشى ئۆگىنەلەيدىكىن».

«بولىدۇ! ئىشقىلىپ قىشتا دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئاز، مەن ھەر كۈنى ئۆيدىكى تۆت كالىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولۇپلا، كەنتتىكى قارا مور كەسىپ يېتىلدۈرۈش باغچىسىغا بېرىپ دەرس ئاڭلايمەن.» ئاقنىياز مۇنداق دېدى: بۇ يىل كىرىمنى ئاشۇرۇش ماھارىتىدىن بىر تۈرنى ئارتۇق ئۆگەنسەم، ئائىلىمىزنىڭ كىرىمى چوقۇم بۇلتۇرقىدىن كۆپ بولىدۇ.

(ئاخىرى 8 ـ بەتتە)

## جىنفېڭ پەن ـ تېخنىكىسى مۇھىم، زور تۈرگە قاتنىشىپ

## 2019 ـ يىللىق دۆلەت تېخنىكا كەشپىيات مۇكاپاتى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى

مۇخبىرىمىز شيې خۇيبيەن خەۋەر قىلدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، 2019 ـ يىللىق دۆلەت پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتى ئېلان قىلىندى. شىنجاڭ جىنفېڭ پەن ـ تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى قاتناشقان «چوڭ تىپتىكى تۆۋەن سۈرئەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، بىۋاستە قوزغىتىلىدىغان مەڭگۈلۈك ماگنىتلىق شامال كۈچى گېنېراتورىنىڭ ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسى ۋە ئەمەلىي قوللىنىش تۈرى» دۆلەت تېخنىكا كەشپىيات مۇكاپاتى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

(ئاخىرى 8 ـ بەتتە)

# ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات

### — 2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ يىغىنىغا بېرىلدى

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى  شۆھرەت زاكىر

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر:

ھازىر، مەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن يىغىنغا خىزمەت دوكلاتى بېرىمەن، قاراپ چىقىشلارنى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ۋە سىرتتىن قاتناشقۇچىلارنىڭ پىكىر بېرىشىنى سورايمەن.

### 1. 2019 ـ يىلدا ئىشلىگەن خىزمەتلەر

ئەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن 2019 ـ يىل شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يىل بولدى، بىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد قىلىنغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى كۈتۈۋالدۇق. مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى مۇرەككەپ ۋەزىيەت ۋە مۈشكۈل ۋەزىپە ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «1+3+3+ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى كۈچەپ ياخشى ئىشلەپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ سىجىل مۇقىملىقىنى ئىقتىسادنىڭ پۇختا، ساغلام تەرەققىياتىنى ساقلىدۇق، «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ئورۇندىلىشى مۆلچەرىمىزدىكىدەك بولدى، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا يېڭى ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردۇق.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)



1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىدا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بەردى.
□ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرى سۈي جېجيەن فوتوسى